# ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ھەققىدە

ھەسەنجان ئابلىز

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى)

ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئۇزۇن تارىخقا ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر دوپپىلىرى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ ۋە رەڭدارلىشىپ كۈچلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جىنس ئايرىمىسى، ياش-قۇرام پەرقى، ياشىغان تەبىئىي شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا مۇناسىپ ئۆزگىچە دوپپا كىيىش ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر دوپپىلىرى يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادەت خاراكتېرىدىن ھالقىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر پۈتۈن مىللىي كىملىك خاس ۋەكىلى بولۇپ مۇقىملىشىپ، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ئۆرپ-ئادەت ئومۇمىيلىقى، مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە ئىجتىمائىي خاس بەلگىسى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۆۋەندىكى ئىككى خىل يۈزلىنىش ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق: ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە قاچاندىن باشلاپ كىيىلىپ كېلىنگەنلىكى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش تېخى شەكىللەنگىنى يوق. بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا مەركەزلەشكە بولىدۇ:

1 .ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى غەربىي يۇرتتىكى ئۇچلۇق بۆك، ئۇستى يۇمىلاق دوپپا ۋە تاج شەكىللىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى بىرلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشىدىن شاكىللەنگەن دېگەن كۆز قاراش. بۇ خىلدىكى كۆز قاراش ئاساسەن تارىخ پەنلىرى، جۈملىدىن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ۋەسىقىشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنىڭ سېلىشتۇرما باياندىن خۇلاسىلەنگەن بولۇپ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى كىيىم-كېچەك مەدەنىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرى ساھەسىدە نىسپىي بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش ھېساپلىنىدۇ.

2 .ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (بەزى ماتېرىياللاردا قاراخانىلار دەۋرى) دىن باشلاپ، ئەسلىدىكى قەبىلە ئۇيۇشمىسى بەلگىسىدىن ھالقىپ، ئۇيۇشقان مىللىي كىملىك بەلگىسى سۈپىتىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دوپپا ھەم شۇ دەۋر ئۇيغۇر فېئوداللىق جەمىيىتىنىڭ دەرىجە پەرقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي بەلگىلەردىن بىرى بولۇپ شەكىللەنگەن دېگەن كۆز قاراش. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى باش كىيىمگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار، ئاياللار دوپپىلىرىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس بۇيۇملىرىدىن ياسالغان دوپپا زىننەتلىرى، جۇملىدىن تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن يۇرت دوپپىلىرىدىكى كۈچلۈك رايون ئالاھىدىلىكلەرنى مىسالغا كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

3 .ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى جۇغراپىيىلىك بىلىملىرى، ھايات چۈشەنچىلىرى شۇنىڭدەك ئىستېتىك ھېس-تۇيغۇلىرى ئاساسىدا، دەۋر تەرەققىياتىدا مۇكەممەللىشىپ ۋە كۆپ خىللىشىپ بارغان دېگەن كۆز قاراش. بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا نەزەر سالغىنىمىزدا: بىرى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى كۆك گۇمبىزىدىن نۇسخا ئېلىنغان؛ بىرى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ نەقىش قۇرۇلمىسى يۇرت جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلەردىن نۇسخا ئېلىنىپ، يۇرت ئىستېتىكىلىرى بىلەن بىرلىشىپ بارلىققا كەلگەن؛ بىرى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىدىكى نۇسخا رەڭلىرى قەدىمكى ئېتىقاد ئىزلىرىدىن، نۇسخا گۈللىرى ھايات چۈشەنچىلىرىدىن (مەسىلەن بادام دوپپا ھەققىدىكى كۆز قاراشلار) كەلگەن.؛ بىرى،قىسمەن ئۇيغۇر يۇرت دوپپىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى دوپپا ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدىن كەلگەن بولۇپ، مىللىي ئاغزاكى تارىخ نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە، يۇرت خەلق چۈشەنچىلىرىدە ئومۇملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن، چىمەن دوپپا، كېرىيە تەلپىكى، يەكەن دوپپىلىرى، قومۇل، تۇرپان دوپپىلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر گەرچە رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىلىم ساھەسىدە ئاغزاكى تارىخ نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت-نەزىرىگە نائىل بولۇپ كەلمەكتە.

يۇقىرقى قاراشلار ئىچىدە، ②③ خىل قاراشلار ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دوپپا ھەققىدىكى ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاساسەن مىللىي ئۆزلۈك نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ۋەكىللىك كۆز قاراشلىرى ھېساپلىنىدۇ .

ئىككىنچى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىكى كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭلىك.

هازىرغىچە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى ئەگەر دوپپىنىڭ خاس تۈرلىرى بويىچە ئەمەس، بەلكى فولكلور ئىلىم تۈرلىرى نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىكى كۆپ خىللىق ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت نۇرلىرىنىڭ شۇ قەدەر رەڭگارەڭ تۈستە جۇلالىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى ئىجتىمائىي فولكلور نۇقتىسىدىن. ياش پەرقى، جىنس پەرقى ۋە مۇراسىم پەرقى، كەسىپ پەرقى ۋە سالاھىيەت پەرقى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ، ئېكېلوگىيىلىك فولكلور نۇقتىسىدىن پەسىل پەرقى ۋە رايون پەرقى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ،سەنئەت فولكلورى نۇقتىسىدىن، شەكىل پەرقى، نەقىش پەرقى، ماتېرىيال پەرقى ۋە ئىش تەرتىپى پەرقى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىكى يوقىرقى كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭلىك ئۇيغۇر دوپپىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى مول مەزمۇن ۋە تەپەككۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەتقىقاتىمىزنى يېڭىدىن —يېڭى تەتقىقات تېمىلىرىغا ئىگە قىلىدۇ.

ئىلگىركى تەتقىقاتلاردا، ئۇيغۇر دوپپىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەر ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز كۆپىنچە تۆۋەندىكى ئىككى خىل نۇقتىدىن ئېلىپ بېرىلدى. بىرى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەت ھالىتى، يەنى قەيەردە، كىم، قانداق كىيىدۇ، دېگەن مەزمۇنلار تەكشۈرۈلدى، يىغىلدى ۋە تونۇشتۇرۇلدى. يەنە بىرى، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ شەھەر-يېزىلاردىكى كىيىلىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۆزگىرىش سەۋەبلىرى جەھەتتىن جەمىيەتشۇناسلىق تەسىراتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەھلىللەر ئېلىپ بېرىلدى. ئالدىنقى بىرىدىن، بىز ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىكى كۆپ خىللىقلارنى، كېيىنكى بىرىدىن، بىز ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كىيىلىش قىسمەتلىرىدە دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەنئەنىۋىلىكتىن ياتلىشىش شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي پىسخىكا جەھەتتىن ئەنئەنىۋىلىككە ئىنتىلىشتەك ئالىڭ ۋە ھەركەتتىكى بىر-بىرىگە زىت ئەھۋاللارنى چۈشىنەلەيمىز. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دوپپا تۈرلىرىدىكى كۆپ خىللىق بىلەن كىيىلىش نىسپىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئەھۋالىنىڭ ئومۇملىششقا يۈزلەنگەنلىكىنى، بولۇپمۇ بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ شەھەرلەردە ئاساسىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۆرپ-ئادەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ خىل يۈزلىنىش شەھەرلىشىش قەدەملىرىدە مۇقەرەر كۆرىلىدىغان تۇرمۇش ھادىسىسى دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئەنە شۇ ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتىرىپ تەتقىق قىلىدىغان فولكلور ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر دوپپىلىرىغا ئائىت ئۆرپ-ئادەتلەرگە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت پوزىتسىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات پىكىرلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى تېخىمۇ تەققازا قىلىدۇ:

نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ شارائىتتا، خاس خاراكتېر ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغان شەھەرلىشىش يۈزلىنىشلىرىدە دوپپىنىڭ بىر نەچچە تۈرىلا كۆپ كىيىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شەھەرلىشىش يۈزلىنىشلىرىدە، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنىلىرى ئازلاپ، مۇراسىم مەنىلىرى كۈچىيىۋاتىدۇ ھەتتا قىسقىغىنە نەچچە ئون يىل مابەينىدە قېلىپلىشىش شەكىللەندى؟ نېمە ئۈچۈن شەھەرلىشىش يۈزلىنىشلىرىدە دوپپىنىڭ كىيىلىشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەر ئاز، ئەكسىچە دوپپىنىڭ قانداق كىيىلىشى، قىز-ياللىرىنىڭ قانداق توغرىلىنىشى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر كۆپ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ مۇنازىرىلەر ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كىيىلىش نىسپىتى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدىغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى مەدەنىيەت تۈسى سىڭىپتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان يېزا-قىشلاق ۋە سەھرالاردىكى رىئاللىقتا كىيىلىۋاتقان دوپپا يۈزلىنىشىنى يېتەكچى قىلىش ئەمەس، بەلكى كىيىلىش نىسپىتى ئاز، زامانىۋىلىشىش قەدەملىرى تېزلىشىۋاتقان شەھەرلەردىكى مۇراسىم مەنىلىرى ھالىتىدە تۇرىۋاتقان دوپپا يۈزلىنىشىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە ھالەتلەرنى ئاساس قىلىپ چۆرىدەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شەھەرلىشىش يۈزلىنىشلىرىدە مىللىي كىملىك بەلگىسى بولغان دوپپا غەرب زامانىۋىي كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۈسى ھېساپلانغان كاستۇم-بورۇلكا بىلەن ماسلىشىپ، جىپسىلىشىپ ھەتتا بىرىكىپ كېتىشكە يۈزلەندى؟ بۇنىڭ مىللىي پسىخىك ئاساسى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى نېمە؟ بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ كىيىلىش يۈزلىنىشىگە بېغىشلانغان تەتقىقاتلاردا ياكى ئىزدىنىشلەردە قىسمەن تەكىتلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئەمما دوپپا كەينىگە يوشۇرۇنغان، يۇقىرقى تەتقىقات سوئاللىرىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت پوزىتسىيىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشقا يۈزلىنىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرقى تەتقىقات سوئاللىرى ئاساسىدا بىز تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەك، بۇ سوئاللار بىزنى ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەت خاسلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا ئىشتىراك قىلىش بىلەنلا چەكلەپ قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۇتتۇرىغا قويۇلىشى ئۇيغۇر دوپپا تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى فولكلور نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭدىن ھالقىپ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ كىرىشتۈرمە ھالەتتە كۆزىتىشىمىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات سوئاللىرى ۋە تەتقىقات كۆزىتىش نۇقتىلىرى بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىكى كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭلىكنى مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە، دوپپا ھەققىدىكى پىكىرلىرىمىز مىللىي كىملىك دائىرىسىدىن رايون، دۆلەت ھەتتا ئىنسانىي ئورتاق ھېس-تۇيغۇلار دائىرىسىگە ئۆتىۋاتقانلىقىمىزنى بايقايمىز:

1 .ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ شەكلى ياكى قىرلىق ياكى يۇملاق شەكىلدە بولىدۇ، نىمە ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل شەكىل ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈپ شەكىل قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا قىرلىقلىرى كۆپرەك، شىمالىي شىنجاڭدا يۇملاقلىرى كۆپرەك، شەرقىي شىنجاڭدا گۈللۈك نەقىشلىك يۇملاق دوپپىلار كۆپرەك بولىدۇ؟ بۇ رايون پەرقلىنىشىدىنمۇ ياكى ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىشتىنمۇ؟

2 .نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دوپپىلىرىدا رايون خاسلىقىغا ئىگە بولغان دوپپا تۈرلىرى پەقەت شۇ رايون دائىرىسىدىلا چەكلىنىدۇ؟ بۇ خىل يۈزلىنىش تارىختىن بېرى نىمە ئۈچۈن ئىزچىل نىسپىي مۇقىم ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن؟ نىمە ئۈچۈن يۇرت ئاتالپ، ھەتتا رايون ئاتالپ كىيىلىدىغان يۈزلىنىش ئەھۋالى شەكىللەنمىگەن؟ بۇ يۇرت پەرقلىنىشىدىنمۇ ياكى مىللىي پەرقلىنىشىدىنمۇ؟

3 .نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي فولكلور قاتلىمى ياش، جىنس، مۇراسىم، كەسىپ ۋە سالاھىيەت پەرقلىرى بويىچە شۇنچە ئېنىق ئايرىلغان ھالەتتە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن؟ بۇ خىل ھالەتنىڭ ھازىرقى ئۆزگىرىشلىرى نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇقانداق مىللىي قىممەت قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؟

4 .ئۇيغۇر دوپپىلىرى تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، رەڭگارەڭلىكى ۋە رايون خاسلىقىنى ئۇيغۇر مەدىنيەت تۈسلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېساپلاشقا بولامدۇ؟

5 .كۆپ مەنبەلىك مەدىنيەت رايونىدا، ئىنسانىيەت يىپەك يولى تۈگىنىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر دوپپىلىرى تارىختىكى مىللىي تۈركۈملەرنىڭ مەدىنيەت ئالماشتۇرۇش قايناملىرىدا نىمە ئۈچۈن ئىزچىل مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كەلدى؟ نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئۆز شەكلى، قۇرۇلمىسى، تىكىلىشى ۋە كىيىلىشى جەھەتتىن خاسلىقلىرى بىلەن يىپەك يولىدىكى كۆپ مەنبەلىك مەدىنيەت مۇھىتىغا قانداق ماسلىشىپ كەلدى، ھەتتا ئۆز تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى شەكىللەندۈردى؟

6 .بىر مىللىي گەۋدىگە مەنسۇپ كىشلەر توپى نىمە ئۈچۈن تۈرى شۇنچە كۆپ، رايون خاسلىغى شۇنچە كۈچلۈك دوپپىلارنى كىيىشكە ھېرىسمەن كېلىدۇ؟ بۇ قايسى خىل مەدىنيەت پەرقلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ياكى بۇ كۆپ مەنبەلىك مەدىنيەت مۇھىتىغا ماسلاشقان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ مەدىنيەت پەرقلىنىشىدىن دېرەك بېرىدىغان مەدىنيەت تىپ مىساللىرىنىڭ بىرىمۇ؟

يۇقىرقى سۇئاللىرىمىز بىزنى ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىكى كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭلىك ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىشىمىزنى، شۇنداقلا، ئۇيغۇر دوپپىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى نۆۋەتتە كىيىم-كېچەك تەتقىقات ساھەسىدە كەڭ قوللىنىۋاتقان كىيىم-كېچەك

فولكلورشۇناسلىقى، كىيىم-كېچەك فولكلورشۇناسلىقى، كىيىم-كېچەك مەدىنيەتشۇناسلىقى، كىيىم-كېچەك پسىخىكشۇناسلىقى ۋە كىيىم-كېچەك جەمىيەتشۇناسلىقىنىڭ كىرىشتۈرمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادەت تەتقىقاتىدا ئۆرپ-ئادەتنىڭ فولكلور ئاساسىدا، مەدەنيەتشۇناسلىق ئىزاھاتىدا ۋە جەمىيەتشۇناسلىق خۇلاسىلىرىدە تۇرۇپ ئىزدىنىشىمىزنى، تەپەككۇر قىلىشىمىزنى ۋە ئىلمىي خۇلاسىلەردە بولىشىمىزنىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ .

مەزكۇر ماقالە «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ 2012 –يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، قىسقارتىپ ئېلىندى.